يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

# شىنجاڭدا جۇڭگىچە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى چوڭقۇر پىششىقلاش ئەندىزىسى يولغا قويۇلدى

ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ جايلىشىش شىفرىنى يېشىش ⑩

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن**، پراكتىكانت **جياڭ ۋېيياۋ** خەۋەر قىلىدۇ: «بۇ يىل يېزىخو قاتارلىق جۇڭگىچە دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى ياخشى بولدى، نۆۋەتتە تېرىقچىلىق بازىسىنىڭ كۆلىمى 3500 موغا يېتىپ، ھەم جۇڭگىچە دورا ماتېرىياللىرىنى كۆلەملەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ھەم ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇندى» دېدى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ لۈجىكاڭ يېزا ئىگىلىك يەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى فۇكاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ مەسئۇلى ساۋ يىنلۇ.

فۇكاڭ شەھىرى شىنجاڭنىڭ جۇڭگىچە دورا ئۆسۈملۈكلىرى دورىلىرى كەسپى تەرەققىيات ئەندىزىسىدىكى نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئەۋزەللىككە ئىگە رايونلارنىڭ بىرى. شىنجاڭنىڭ يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقى مول، كىلىمات تۈرى مۇرەككەپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇپ، يەرلىك بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق، كۆپ خىل جۇڭگىچە دورا ماتېرىياللىرىنى كىرگۈزۈش ۋە ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ، جۇڭگىچە دورا ماتېرىياللىرى بايلىقى مول، سۈپىتى ئېسىل، نۇرغۇن جۇڭگىچە دورا ماتېرىياللىرى دۆلەت ئىچى - سىرتىدا داڭلىق.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتى دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئۆستۈرۈش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلىدىغان جۇڭگىچە دورا ماتېرىياللىرىنىڭ تۈرى ئاساسلىقى سوغىگۈل، كەتىرا، توشقانزەدىكى، چۆكبۇيا، ئوسما، ئۆچقات قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئىلى سوغىگۈلى سىچۈەن سوغىگۈلى، جېجياڭ سوغىگۈلى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان قىممەتلىك مۇھىم جۇڭگىچە دورا ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ؛ كەترانىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈملۈك تەركىبىنىڭ مىقدارى ئىچكىرى رايونلاردىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىكى ئوخشاش تۈردىكى سورتلاردىن ئىككى ھەسسىدىن تۆت ھەسسىگىچە يۇقىرى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ رايونلارغا جايلىشىش يىرىك پىلانى(2020 — 2025 - يىل)» بويىچە، جۇڭگىچە دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسى، چۆچەك - دۆربىلجىن ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي - شىمالىي گىرۋىكى، تۇرپان ئويمانلىقى، تارىم ئويمانلىقىدىكى سەككىز ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 30 ناھىيە، شەھەر، رايونغا نۇقتىلىق جايلاشتۇرۇلغان. ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكىدىكى باشلامچى كارخانىلارغا تايىنىپ، زاكاز شەكلىدىكى سۈنئىي تېرىقچىلىق كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، ئۆلچەملەشكەن، كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، كەسىپ تەرەققىيات زەنجىرى ئۇزارتىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئاشۇرۇلۇپ، پىششىقلاش، ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلىدۇ.

شىنجاڭ يىندولەن ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭدىكى تۇنجى بولۇپ ئۆزىنىڭ دورا ماتېرىياللىرى تېرىقچىلىق بازىسىغا ئىگە بولغان، مۇكەممەل كەسىپ زەنجىرى شەكىللەندۈرگەن مىللىي تېبابەت دورىلىرىنى ياساش كارخانىسى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەنگەن دورا ماتېرىياللىرى تېرىقچىلىقى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش كۆزنىكىگە ئايلاندى. يىندولەننىڭ باش مۇدىرى لى جۈن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭنىڭ جۇڭگىچە ئۆسۈملۈك دورىلىرى خەزىنىسىنى چوڭقۇر قېزىشقا ئەرزىيدۇ، دورا ياساش كارخانىلىرى دۆلەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، تەرەققىيات پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، جۇڭگىچە دورىلىرى، مىللىي تېبابەت دورىلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتا يېڭىلىق يارىتىشى كېرەك. يېقىنقى ئۈچ يىلدا، يىندولەننىڭ ئومۇمىي تەتقىق قىلىپ ئېچىش سېلىنمىسىنىڭ يىللىق سېتىش كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 8%تىن يۇقىرى بولدى. نۆۋەتتە، يىندولەن تەتقىق قىلىپ ئېچىۋاتقان مىللىي تېبابەت دورا مەھسۇلاتىدىن بەشى بار بولۇپ، يېڭى مىللىي تېبابەت دورىسى «بىنافشە جەۋھىرى»نىڭ 3 - قارارلىق كلىنىكا سىنىقى قوزغىتىلدى. مۇرەككەپ رېتسېپلىق يېزىخو جەۋھىرىنىڭ بالىلار توپىغا كۆپەيتىش تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ بالىلار دورىلىرى كلىنىكا تەتقىقاتىدىكى مۇھىم، زور مەخسۇس تۈرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

2019 - يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى جۇڭگىچە دورا ئۆسۈملۈكلىرى تېرىقچىلىق كۆلىمى 490 مىڭ 600 مو بولۇپ، مەھسۇلات مىقدارى 355 مىڭ توننا بولدى. «يىرىك پىلان»دا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 2022 - يىلىغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى جۇڭگىچە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى سۈنئىي ئۆستۈرۈش كۆلىمى 450 مىڭ مودىن 550 مىڭ موغىچە يەتكۈزۈلىدۇ. 2025 - يىلىغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى جۇڭگىچە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى سۈنئىي ئۆستۈرۈش كۆلىمى 500 مىڭ مودىن 600 مىڭ موغىچە يەتكۈزۈلىدۇ.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# لى يىڭچاۋ: ئارمىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان قەھرىمان ئەسكەر

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئۈرۈمچى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (ليۇ شىن، ۋاڭ گوبىن)** تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدە تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ماشىنلاشقان 7 - تارماق ئەترىتى مەلۇم ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ گازارمىسى ئالدىغا «يىڭ چاۋلىن» دەپ ئاتىلىدىغان يولغۇنلۇق تىكىلگەن، بۇنى ئوتتۇرا ئەترەتتىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان قاراۋۇللۇق ئورنىدا قۇربان بولغان سەپدىشى لى يىڭچاۋنى خاتىرىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تىككەن...

لى يىڭچاۋ، خۇنەن يۈڭجوۋدىن، 1992 - يىلى تۇغۇلغان، 2012 - يىلى 12 - ئايدا ھەربىي سەپكە قاتناشقان، خېبېي باۋدىڭ قوراللىق ساقچى مەلۇم قىسمىدا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن.

ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ تۇرۇشلۇق قىسىم بۇيرۇققا بىنائەن شىزاڭغا بېرىپ ۋەزىپە ئىجرا قىلغان. ئىككىنچى يىلى قىسىم شىنجاڭنىڭ مەلۇم يېرىگە بېرىپ ۋەزىپە ئىجرا قىلماقچى بولغان، لى يىڭچاۋ تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

2013 - يىلى 8 - ئايدا، ئوتتۇرا ئەترەت يۇقىرى تەشكىللىگەن تاغلىق ئورۇندا ھۇجۇمغا ئۆتۈش جەڭ قىلىش دەرسلىكى بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. تاغ تىك، ھەممىلا يەر تىكەن بولۇپ، ئۈچ پەي ئوخشاش بولمىغان يان تەرەپتىن نۆۋەتلىشىپ مۇھاپىزەت قىلىپ، ئايلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن. لى يىڭچاۋ دىققەتسىزلىكتىن پىلەككە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكەن، ئۆتكۈر تاش ئۇنىڭ پۇتىنى تىلىۋېتىپ چوڭ يارا ئېغىزى ئېچىپ قويغان، ئۇ قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، جەڭدىن يانماي ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا چىڭ تۇرغان.

2014 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سەھەردە، بىر چوڭ ئاپتوبۇس تەكشۈرۈش پونكىتىغا كىرىپ دائىملىق تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان. لى يىڭچاۋ بىر ئەرنىڭ تىمسقىلاپ يۈرگەنلىكىنى بايقاپ، باشقا سەپداشلىرىغا تۇيدۇرماي مۇھاسىرىگە ئېلىشقا مەخپىي ئىشارەت بەرگەن. تۇيۇقسىز لى يىڭچاۋ ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئالدىغا بېرىپ، ساقچى كالتىكى بىلەن قارشى تەرەپنى يىقىتقان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ ئادەمنىڭ توردا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان قاچقۇن ئىكەنلىكى، كەينىگە بىر قىڭراقنى يوشۇرۇۋالغانلىقى ئېنىقلانغان. ئەگەر لى يىڭچاۋ ۋاقتىدا بايقىمىغان بولسا، ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ۋەزىپە ئىجرا قىلغان ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىتتا، لى يىڭچاۋ خەلق ساقچىلىرىغا ياردەملىشىپ 26 قېتىم قوراللىق ئۇرۇشۇشنى توسۇپ، ئون جىنايەت گۇماندارىنى قولغا چۈشۈرگەن، كۆپ قېتىم «ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ماھىرى» بولۇپ باھالانغان.

2014 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، خوتەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «قاشتېشى مەدەنىيەت بايرىمى» ناھايىتى قىزىپ كەتكەنىدى. لى يىڭچاۋ باشقا تۆت نەپەر يېڭى ئەسكەر بىلەن كوچىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز يىراقتىن پارتلىغان ئاۋاز ئاڭلانغان. ئۇ جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ تېز سۈرئەتتە قويۇق ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلگەن جايغا يېتىپ بارغان، ئەسلىدە بىر قەھۋەخانىنىڭ كۆمۈر گازى تۇرۇبىسى پارتلاپ كەتكەن ئىكەن. لى يىڭچاۋ سەپداشلىرى بىلەن بىللە ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئاممىنى تارقاقلاشتۇرسا، بىر تەرەپتىن ياردارلارنى يۆتكىگەن.

2014 - يىلى 9 - ئايدا، لى يىڭچاۋ تۇرۇشلۇق قىسىم ۋاقىتلىق ۋەزىپە تەڭشەش سەۋەبىدىن، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ۋەزىپىسى كۆپەيگەن. لى يىڭچاۋ تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىشنى ئىلتىماس قىلغان، كۈندىلىك ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ۋاقتى 12 سائەتكە يەتتى. 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، جۇڭچيۇ بايرىمى كېچىسى، لى يىڭچاۋ ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز يۈرەك مەنبەلىك يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، بەختكە قارشى قاراۋۇللۇق ئورنىدا قۇربان بولغان، شۇ يىلى 22 ياشتا ئىدى.

«يىڭچاۋ بىزدىن ئايرىلدى، ئەمما ئۇ مەڭگۈ بىز بىلەن بىللە جەڭ قىلىدۇ». لى يىڭچاۋ قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇ تۇرۇشلۇق قىسىم تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق قەھرىماننىڭ روھىدىن ئۆگىنىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قەھرىماننىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇردى.

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، نۆۋەتتە، بېيدوۋ سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، ساياھەت، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتارلىق كۆپ ساھەلەردە كەڭ قوللىنىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ بېيدوۋ سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى قاچىلانغان تىراكتور، زىرائەت پەرۋىش قىلىش ئۇچقۇچسىز ئايروپىلانى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى پائال كېڭەيتىپ، ماشىنلاشقان ئۈلگە كۆرسىتىش، ئومۇملاشتۇرۇش، قوللىنىشنى قانات يايدۇردى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 10 مىڭ يۈرۈشتىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىدە بېيدوۋ سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش مۇلازىمىتى ئىشلىتىلدى.

يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا، نۆۋەتتە، بېيدوۋ سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى شىنجاڭنىڭ قاتناش - ترانسپورت، سۇ رايىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش، مېتېئورولوگىيەلىك ئۆلچەش - مەلۇم قىلىش، ئېلېكتر كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ قوللىنىلدى. 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، شىنجاڭدىكى تۇنجى ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى بېيدوۋ يەر ئۈلى كۈچەيتىش ئاساسىي پونكىتى ئۈرۈمچىدىكى 110 كىلوۋولتلۇق خېنەن شەرقىي يولى ترانسفورماتور ئىستانسىسىدا قۇرۇلدى. بۇ تۈردىكى ئاساسىي پونكىتلار بېيدوۋ سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسىنى يادرو قىلغان بولۇپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيە كەسپىنى يۇقىرى ئېنىقلىقتا ئورۇن بەلگىلەش ۋە ۋاقىتتىن خەۋەرلەندۈرۈش مۇلازىمىتى ھەمدە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە خەۋەرلىشىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بېيدوۋ سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسىنىڭ ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەر بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشى پەن - تېخنىكا ئالاقە تورى كارخانىلىرىنىڭ ئالاقىدار قوللىنىشچان سۇپىلارنى پائال ئېچىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. 2017 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ تيەنيۈ بېيدوۋ سۈنئىي ھەمراھ پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى دىققىتىنى بېيدوۋ سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى ئاساسىدىكى تېرمىنال مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشقا قاراتقان. شىركەت تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان ئاقىل ساياھەت ئورۇن بەلگىلەش تېرمىنالى باينبۇلاق، جامبۇلاق قاتارلىق مەنزىرە رايونلىرىدا ئومۇملاشتۇرۇلدى، قوللىنىلدى. شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى شېن جې مۇنداق دېدى: ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردە، بېيدوۋ ئورۇن مۇلازىمەت سۇپىسى ۋە ئۆلچەملىك تېخنىكا سۇپىسىنى ھەرقايسى كەسىپلەردىكى سۇپىلارغا سىڭدۈرۈشتە ئەڭ چوڭ رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇشنى پىلانلىدۇق.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى سۈنئىي ھەمراھتىن پايدىلىنىش مەركىزى پەن تەتقىقات باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى گو فېيفېي مۇنداق بىلدۈردى: كېيىنكى قەدەمدە، شىنجاڭ تېخىمۇ كۆپ قوللىنىشچان سۇپا قۇرۇپ، بېيدوۋنى قوللىنىش سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، قوللىنىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يول باشلاش كەسپى بىلەن ياسىمچىلىق، يۇمشاق دېتال كەسپى ۋە زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بېيدوۋ يول باشلاش سىستېمىسىنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سۈنئىي ھەمراھتىن پايدىلىنىشنى كەسىپلەشتۈرۈش كۆلىمىنى زورايتىپ، كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە پۇقرالارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا مۇلازىمەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىدۇ.

# زوۋ بىخۇا: ۋىجدانلىق سوتچى بولۇش



زوۋ بىخۇانىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى شاڭخەي تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر خۇاڭ ئەنچى)** «قانۇن ئادىل، ھەققانىي، قانۇننىڭ روھى بويىچە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، پۇقرالارغا مۇلازىمەت قىلىش كېرەك.» زوۋ بىخۇا ئىلگىرى مۇنداق دېگەن: ئەينى يىلى ئۆزۈمنىڭ شاڭخەي شەھەرلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە قوبۇل قىلىنغانلىقىمنى بىلگەندە، ھاياجاندىن ئاپامغا تېلېفون قىلىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزگەنىدىم. ئاپام ماڭا «چوقۇم ۋىجدانلىق سوتچى بولغىن» دەپ جېكىلىگەنىدى، بۇ سۆز زوۋ بىخۇانىڭ ھاياتىدىكى ھېكمەتلىك سۆز بولۇپ قالغان.

زوۋ بىخۇا، ئەر، خەنزۇ، 1967 - يىلى 1 - ئايدا تۇغۇلغان، 1999 - يىلى 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ئىلگىرى شاڭخەي شەھەرلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بولغان. 2014 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يولداش زوۋ بىخۇا خىزمەت جەريانىدا تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 47 ياشتا ئىدى.

زوۋ بىخۇا شاڭخەي شەھىرى چاڭنىڭ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىدە تۆت يىل مەھكىمە باشلىقى بولغان. بۇ جەرياندا، ئۇ بىر قاتار ئەمەلىي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم قىيىن مۇھىم دېلولارنى قاراپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلغان.

2009 - يىلى 5 - ئايدا، ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر بالىنى ئاتا - ئانىسى تاشلىۋەتكەن. بالا بوۋا - مومىسىنىڭ باشلاپ بېرىشى بىلەن، شاڭخەي شەھىرى چاڭنىڭ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلو تۇرغۇزۇش زالىغا كېلىپ، ئۆز ئاتا - ئانىسى ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ، بېقىش ھەققى تەلەپ قىلماقچى بولغان، ئەمما چاڭنىڭ رايونلۇق سوت مەھكىمىسىدە ئەينى چاغدا قوللانما قىلىشقا بولىدىغان بۇنىڭغا ئوخشاش دېلو يوق ئىدى. زوۋ بىخۇا بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: بۇ دېلودا چوقۇم دېلو تۇرغۇزۇش كېرەك. ئاخىر، بالىنىڭ دادىسى ئۆز نامىدىكى ئۆي - مۈلۈكنى بالىنىڭ داۋالىنىش خىراجىتى قىلىشقا ئايرىپ بەرگەن، بالا قەيسەرلىك بىلەن ھايات قالغان.

ئەرزىيەت دېلولىرىنىڭ سانى ئىزچىل كۆپ بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، زوۋ بىخۇا خىزمەت رىتىمىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ ئەرزىيەت، ئەرز قىلىشنى نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ ئېچىپ، بارلىق ئەرزىيەت خەتلىرىنى قەغەزلەشتۈرۈشتىن تورلاشتۇرۇشقا ئۆزگەرتكەن، ئۇچۇرنى كۆرگىلى بولىدىغان بولۇش ئىلگىرىكى ئەرزىيەت دېلولىرى ئىز - دېرەكسىز قىلىش ئەھۋالىغا خاتىمە بەرگەن.

تېخىمۇ ياخشى بىر سوتچى بولۇش ئۈچۈن، زوۋ بىخۇا قانۇن كەسپىدە ئۇزاقچە چىڭ تۇرۇپ ئۆگەنگەن، ئىزدەنگەن. نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا 20دىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغاندىن باشقا، ئۇ يەنە «شىركەت قانۇنىدىكى چىگىش مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىش» «جۇڭگو سوتچى ياردەمچىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتى تەتقىقاتى» «سوت ئۈستىدىكى پسىخولوگىيە» قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق ئەسەرنى تۈزگەن ياكى يازغان. بۇنىڭ ئىچىدە «مۇھىم دېلولارنى سوت قىلىشتىكى توققۇز قەدەملىك ئۇسۇل» قانۇن ساھەسىدە زىلزىلە پەيدا قىلىپ، ئۇدا ئىككى يىل قانۇن نەشرىياتىنىڭ بازارلىق كىتابىغا ئايلانغان. بىرىنچى سەپتىكى نۇرغۇن سوتچى بۇ كىتابقا «لوگىكىسى ئېنىق، تەپەككۇرى پۇختا، سوت قىلغاندا يىپ ئۇچى بويىچە ئىش كۆرۈپ، دېلو بېجىرىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى» دەپ باھا بەرگەن. يەنە بەزىلەر قىزىقچىلىق قىلىپ، مۇھىم دېلولارنى سوت قىلىشتىكى توققۇز قەدەملىك ئۇسۇلنى «سوت ئۈستىدىكى تەنھا توققۇز شەمشەر» دېگەن.

2014 - يىلى 7 - ئايدا، شاڭخەي ئالدى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قانۇن يۈرگۈزۈش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى باشلىغان. ئەينى ۋاقىتتا، شاڭخەي شەھەرلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن يۈرگۈزۈش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان زوۋ بىخۇا شاڭخەي سوت مەھكىمىسى قانۇن يۈرگۈزۈش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى لايىھەسىنىڭ ئاساسلىق تەييارلىغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. زوۋ بىخۇا تۇنجى بولۇپ دېلو ۋەزىن كوئېففىتسېنتى نەزەرىيەسىنى ئىجاد قىلىپ، ئىلمىي باھالاش سىستېمىسىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرغان.

زوۋ بىخۇا «ياشلار ۋە سەممىي ئادەملەرنى زىيان تارتقۇزماسلىق» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغان. «ئىشتات تۈزۈمنى يولغا قويۇش جەريانىدا، ‹ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش›تىن ساقلىنىش كېرەك، ئىشنى ئازايتىش، قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ياش سوتچىلارنى بوزەك قىلىپ، ياردەمچى سوتچىنى ‹ئۆز جايىدا تۇرغۇزۇپ›لا سوتچى ياردەمچىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق كېرەك، چوقۇم بىر ئىلمىي باھالاش ئۆلچىمى بولۇش، سوت خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن ھەقىقىي چىقالايدىغان مۇنەۋۋەر سوتچىلارنى ئىشتاتقا كىرگۈزۈش كېرەك» دېگەن زوۋ بىخۇا.

ئۇدا چارچاپ خىزمەت قىلغانلىقتىن، زوۋ بىخۇا ئاغرىقچان بولۇپ قالغان.

2014 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى زوۋ بىخۇانىڭ تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، ھاياتى 47 يېشىدا توختاپ قالغان.

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەيران قالدۇرغاندىن باشقا، پەن تەتقىقات خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە چۆكۈشنى خالاش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىشتەك ئاددىي - ساددا ئىستىلى كىشىنى چىن قەلبىدىن قايىل قىلىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق ئۈمىد قىلدى: «كەڭ پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى ئىلمىي ماقالىنى ۋەتەننىڭ چوڭ زېمىنىغا يېزىپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىدا قوللىنىشى كېرەك.» پروفېسسور فېڭ زوشەن ۋە ئۇنىڭ كوللېكتىپى نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدا يولۇققان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى، ئېنىقكى، ئۇلار بۇ تەلەپنى پائال ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگۈچىلەردۇر. ئۇلارنىڭ قاتنىشىشى ۋە تۆھپە قوشۇشى بولغاندىلا، شىنجاڭنىڭ نانچىلىق كەسپى جەزمەن تېخىمۇ «پەن - تېخنىكا تەركىبى»گە ئىگە بولىدۇ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى جەزمەن تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نان ياققان ھالىتى ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ چوڭ زېمىندا ئىلمىي ماقالە يازغاندىكى ئەڭ گۈزەل قىياپىتىدۇر.

خەلقنىڭ ئېھتىياجى ۋە چاقىرىقى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ دەۋر ساداسى. نان شىنجاڭدا پۇقرالارنىڭ تاماق ئۈستىلىدىكى ئاددىي باش پېرسوناژ بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، يېڭى مەزگىلدىكى نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشى، بېيىپ ھاللىق جەمئىيەتكە ئاتلىنىشىدىكى ئۈنۈملۈك ۋاسىتە. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە، كەڭ پەن تەتقىقات خىزمەتچىلىرى خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى قاندۇرۇشنى پەن - تېخنىكىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىپ، تەرەققىياتتىكى قىيىنچىلىقلارنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، دۆلەت ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشى ئېھتىياجىدا قىممىتىنى نامايان قىلىپ، ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق جايدا تۆھپە قوشۇپ، نەتىجە يارىتىپ، قالتىس كىشىلىك ھاياتنى پۈتتۈشى كېرەك.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)